


# www.UyghurMuqam.com

# ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ گۆلتاجى، جەۋھىرى — ئۇيغۇر 12 مۇقامى

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!!!

ئۇيغــۇر ئــون ئــككى مۇقــامى — پــارلاق جۇڭخــۇا مەدەنــيەت خەزىنىســـدىكى بــىباھا گۆھــەر، ئەمگــەكچان - ئــجادچان ئۇيغــۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراستىنىڭ جەۋھــرى، ئۇيغــۇر ھاياتىنــڭ ھەممــە تەرەپلىرىنى مۇزىــكا تــلى بــىلەن بايــان قــلــدىغان بەدىئــي قامۇســتۇر. ئۇنــڭدا ئۇيغــۇر خەلقىنــڭ ھايــاتى ۋە گــۈزەل مەنىۋىيــتى، ئــستەك خاھىشلىرى، تارىخىي رېئاللىق ۋە تۇرمۇش مۇھىتىدىن كېلىپ چــققان مۇھەببــەت - نەپرەتلــرى ئــنسان تەپەككۇرىنــڭ مۇزىــكا، بەدىئــي، ئەدەبــيات ۋە ئۇســسۇل قاتارلــق خــلمۇ - خــل شەكىللــرى بــىلەن ئىپادىلەنگەن. مۇنــداق مۇزىــكا ئەســرى دۇنيــا مىللەتلىرىنــڭ سەنئەت تارىخىدا كــەم ئۇچرايدىــغان ئالاھــىدە ئەســەر بولغاچقــا «شــەرق مۇزىــكا مەدەنىيــتىدىكى مۆجىزە» دەپ تەرىپلەنمەكتە.

ئۇيغــۇر مۇقاملىرىنــڭ تارىــخى ئــۇزۇن، ئارقــا كۆرنۈشــمۇ كــەڭ ۋە چوڭقــۇر. مۇقــاملار ئۇيغــۇر خەلقىنــڭ بېشىــدىن كەچۈرگــەن تارىخــي دەۋرلــرى بىلەن ھەمقەدەمــدۇر. مۇقــاملار كۆپلــگەن ماكــان ۋە بــىرقانچە زاماندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇنلىغان بەستىكارلىرى، ناخشىچىلىرى ۋە چالغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان خەلق مۇزىكىسىدۇر.

بــۇ قېتــىم ئەسلــگە ۋارىسلىــق قىلــىپ قايتــا رەتلەنگــەن، تولۇقلانغــان، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن ئون ئــككى مۇقــام 360 ئاھــاڭ، 3435 مــىسرادىن تەركــىب تاپقــان ھەمــدە ئــۇ يەنــە ئۇيغــۇر كــلاسسىــك شائىرلىرىنــڭ شېئىرلــرى، ئۇيغــۇر خەلقىنــڭ داستانلىرىنــڭ پارچىلــرى ۋە خــەلق قوشاق - بېيىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.


ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي
چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىدىن
ئەسلى يېزىلىشى بىلەن
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى
مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ



**ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرەك دۇردانىلىرى تىزمىقى؛ مۇقام تېكىستلىرىنى دەسلەپ كىتابقا پۈتكەن چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى.**

**ـ ئاپتور.**

ئاپتور ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي 1950- يىل 11- ئاينىڭ 1- كۈنى قەشقەر شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1975- يىلىدىن باشلاپ، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. هازىر ئۇ مەزكۇر مەكتەپتىكى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور. قولىڭىزدىكى بۇ كىتابتىن باشقا، ئۇنىڭ يەنە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تەتقىقات، ئىجادىيەت ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر» (1993- يىل)، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» (2004- يىل)، «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى» (1995- يىل)، «كور خېرىدار» (1989 - يىل)، «ئۇيغۇردىكى ئەبگالىق» (1997- يىل)، «‹مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين› دىن ‹مەئارىفۇل لۇغەتەين›غىچە» (2002- يىل)، «ھەق ۋە ھوقۇق مەرىپىتى ئۇيغۇر مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇل تېشى» (2004- يىل)، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز ئۆلچىمىنى بېكىتىش ھەققىدە» (2005- يىل)، «بەيتۇللاھنىڭ تارىخى» (1993- يىل)، «ئەممە پارە تەپسىرى» (2003- يىل) قاتارلىقلار بار.

# 8- ئۇششاق مۇقامى

## چوڭ نەغمە

### مۇقەددىمە

يولىندا تۇفراغ ئولدۇم، ئەي سابا، يەتسەڭ غۇبارىمغا،
قۇيۇن بول، داغى ئەلتىپ سەدەقە قىلغىل گۇلئۇزارىمغا.

يېشىمى: ئەي تاڭ شامىلى، ئۇنىڭ يولىدىكى تۇپراققا ئايلاندىم، ئۇستۇمگە يېتىپ كەلگىنىڭدە، قۇيۇنغا ئايلانغىن - دە، چاڭ - تۇزانلىرىمنى گۈل يۈزلۈكۈمگە سەدىقە قىلغىن.

گەر ئۆلسەم ئول مەلەك سىيما پەرى ھەجرىندە، ئايلانغاي،
پەرى برله مەلەك پەرۋانەدەك شەمئى مەزارىمغا.

يېشىمى: ئەگەر ئۇ مالائىكە سۈپەت پەرىنىڭ پىراقىدا ئۆلۈپ كەتسەم، مالائىكىلەر بىلەن پەرىلەر مازىرىمنىڭ شامىنى پەرۋانىدەك ئايلانغاي.

فىراقى تىيرى بارانىنكى چەكتىم، قۇشقا ئوخشاتقاي،
كى بۆلمىشلەر يۈكىن باققان كىشى جىسمى فىگارىمغا.

يېشىمى: ھىجرانلىقنىڭ ئوق يامغۇرىغا ئۇچرىدىم، يارىلانغان جىسمىمنى كۆرگەنلەر مېنى قۇشقائوخشىتىپ، دان چېچىپ بېرىدۇ.

قۇياش يەڭلىغ يۈزۈڭ ھەجرىندە ئەرمەس يارۇماق مۇمكىن،
گەر ئولسا يۈز قۇياش تالىئ قارارغان زورگارىمغا.

يېشىمى: ئەگەر قۇياشتەك يۈزۈڭدىن ئايرىلىپ قالسام، ئاسمانغا يۈز قۇياش چىققان تەقدىردىمۇ، مېنىڭ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن روزغارىمنى يورۇتالمايدۇ.

يىگىتلەر ئىشقىنى گەر ئىختىيار ئەتمەي دەسە، قويماس،
يىگىتلىك برله ئاشىق شىيۋەلىك ئۆز ئىختىيارىمغا.

يېشىمى: ياشلارچە ئىشقتىن ئۆزۈمنى تارتاي دېسەم، ياشلىق بىلەن ئاشىقلىقنىڭ ئادىتى ئۆز ئىختىيارىمغا قويمايدۇ.

جۇنۇن ۋادىسىدا قالۇر سەبا يۈز دەستى پويىمدىن،
ئاڭا يەتمان، نە ئىلدام سەير ئىكىن چابۇكسەۋارىمغا.

يېشىمى: جۇن ۋادىسىدا ماڭا تاك شامىلىمۇ يېتىشەلمەيدۇ، لېكىن مەن شۇ تاپتا مەن ئۇ چاۋەندازىمغا يېتىشەلمەيۋاتىمەن، ئۇ نېمداق تېز ماڭىدىغاندۇ - ھە؟!

سەنى، ئەي مۇغبەچە، مەخمۇرلۇقدىن ئاسراسۇن تەڭرى،
ئەگەر بىر جامى مەي بىرلە ئىلاج ئەتسەڭ خۇمارىمغا.

يېشىمى: ئەي، مەيخانا خىزمەتچىسى يىگىت، ئەگەر بىر جام شاراب بىلەن مېنىڭ خۇمارىمنى چىقىرىپ قويساڭ، ئاللاھ سېنى مەست بولۇپ قېلىشتىن ساقلىسۇن.

فەنا مەيخانەسىنىڭ مەيفۇرۇشىغا فىدا جانىم،
كى مەي ئىھسان قىلۇر ھالەتدە باقماس يوقۇ بارىمغا.

يېشىمى: ئۆزلۈكىدىن يوقاتقانلار مەيخانىسىنىڭ مەيپۇرۇشىغا جېنىم پىدا بولسۇنكى، ئۇ ماڭا شاراب ئىلتىپات قىلىدىغان چاغدا، بايلىقىمنىڭ بار - يوقلۇقىغا قارىمايدۇ.

ۋەفا ئۇتىغا مەن كۆيدۇم، ۋەلې تاپقاي نەۋائىيدەك،
مۇھەببەت رىشتەسى باققان كىشى ھەربىر مەزارىمغا.

يېشىمى: ۋاپادارلىق ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولغان بولساممۇ، لېكىن مازىرىمغا ھەر قارىغان ئادەم ئۇ يەردىن نەۋائىيدەك مۇھەببەت رىشتىسىنى تاپالايدۇ.

ئايا بادى ساب، ئەرزىمنى يەتكۈر گۈلئۇزارىمغا،

تەرەھھۇم ئەيلەگەي شايەد مەنىڭ ئەرزى نىيازىمغا.

يېشىمى: ئەي تاڭ شامىلى، گۈل يۈزلۈكۈمگە ئەرزىمنى يەتكۈزگىن، بەلكى ئۇ ماڭا رەھىم قىلىپ دادىمغا يەتسە ئەجەپ ئەمەس.

كى ئەي ئىشق ئەھلى، مەن ئۆلگۈم، كەلۈر فەرھاد ئىلە مەجنۇن،
ياراتماي قويغاسىز جارۇپ ئەتىپ مەيلى مەزارىمغا.

يېشىمى: ئەي مۇھەببەت ئەھلى، مەن ئۆلۈپ كەتسەم، فەرھاد بىلەن مەجنۇن ئىسىل سۈپۈرگە كۆتۈرگەن ھالدا، تۇپراق بېشىمغا كېلىدۇ.

فەلەك قەددى بولۇپ نۇنى، كۆيۈپ ئانداغ شەفەقگۇنى،
فىغانىم دەردىدىن ئوت ئالغان ئاھۇ نالە - زارىمغا.

يېشىمى: پىغانىمنىڭ دەردىدىن ئوت ئالغان ئاھ ۋە نالە - زارىمنىڭ ئالدىدا، پەلەكنىڭ قەددى «ن» ھەرپىدەك پۈكۈلىدۇ، شەپەق كۆيىدۇ.

ھەربىر جان پەردەسى بولغاي، سىياھ كۆز مەدمۇمى، نامە،
يازارغا سۇنسا كۆڭلۈم قول ئۇل ئايدىن شەرھى زارىمغا.

يېشىمى: كۆڭلۈم ئاھ - زارىمنى ئىزھار قىلىپ ئۇ ئايغا خەت يازماقچى بولۇپ تەرەددۇتلەنسە، جىنىمنىڭ پەردىسى يىپەك، كۆزۈمنىڭ قارىسى سىياھ بولىدۇ.

مۇقەممەرۋەشغە تالىب بۇ كۆڭۈل، جاندۇر دىرھەم نەقدى،
مەلاھەت نۇتقىدا ئالغاي ئۇتۇپ دەپ نەردىبازىمغا.

يېشىمى: قىمارۋازىم گۈزەللىكى ۋە شېرىن سۆزى بىلەن ئۇتۇۋالغاي دەپ، بۇ كۆڭۈل جېنىمنى دەسمايە قىلىپ، ئۇ ئاي جامالغا ئۆزىنى تىكتى.

جەمالىڭ لالەزارى يادىدىن گۈلگۈن سىرىشكىمدۇر،
تۇتۇپ تۇفانى قان مەۋجى ئاقىزماقنى جىھازىمغا.

يېشىمى: گۈزەل جامالىڭنى خىيال قىلسام، قانلىق كۆز يېشىم تۇپان بولۇپ، بارلىق روزغارىمنى ئېقىتىپ كەتمەكچى بولىدۇ.

ئۆزەڭنى سەئۋەئى بىبالۇ پەر قىلغايسەن، ئەي مىسكىن،
دەسەڭكىم، سىنەم ئۈستۈن يەر تۇتاي ئول شاھبازىمغا.

يېشىمى: ئەي مىسكىن، «ئوڭدا يېتىپ بېرەي، ئۇ لاچىنىم ئۈۋۈالىۋالسۇن» دېسەڭ، ئۆزەڭنى سەئۋە قۇشىنىڭ تۈكمۇ چىقمىغان باچكىسىدەك قىلغايسەن.

## تەئەززە

باغ ئىچرە ساڭا ساچتى گۈل ئاقۇ قىزىل يافراق،
شاھ باشىغە ئانداقكىم ئەل ئاقۇ قىزىل يارماق.

يېشىمى: خەلق شاھلارنىڭ بېشىغا تەڭگە - تىللا چاچقانغا ئوخشاش، باغدا گۈللەر ساڭا رەڭمۇرەڭ يوپۇرماقلارنى چاچتى.

نە يارلىغ ئولغايكىم، ھەر كەچە تاڭ ئاتقۇنچە،
سەن ئەيش ئىلە ئۇيقۇدا، مەن رەنج بىلەن ئويغاق.

يېشىمى: بۇ قانداق دوستلۇق، ھەر كېچىسى تاڭ ئاتقىچە سەن راھەتلىنىپ ئۇخلايسەن، مەن دەرد - ئەلەم بىلەن ئويغاق ئۆتىمەن.

كۆز مەردۇمى كويۇڭنىڭ گەردىن تىلەبان باردى،
قانىكى ئاقار، ئانى قان تارتتىمۇ يا تۇپراق.

يېشىمى: كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى كوچاڭنىڭ توزىڭىنى ئارزۇلاپ باردى، ئەگەر قان ئاقسا، ئۇنى قان قىساسى تۇتقان ياكى تۇپراق ئۆزىگە تارتقان.

كۆرگەچ ئانى ھەيرەتدىن ئىلكىمنىكى تىشلەر مەن،

بارماقغا باتىپدۇر تىش، تىلنى كەسبان تىرناق.

يېشىمى: ئۇنى كۆرگەندە، ھەيرانلىقتا قولۇمنى چىشلىگەندىم، چىشىم بارمىقىمغا پېتىپ كېتىپتۇ، تىرنىقىم تىلىمنى كېسىۋېتىپتۇ.

جان نەقدىن ئەجەل بىرلە ھەجرىڭ ئىكى بۆلمىشلەر،

ئانداقكى، تاپىپ سۇدى ئايىرغاي ئىكى ئورتاق.

يېشىمى: خۇددى ئىككى شېرىك سودىگەر تاپقان پايدىسىنى تەڭ بۆلۈشكەندەك، پىراقىڭ بىلەن ئەجەل ئىككىسى جان دەسمايەمنى تەڭ بۆلۈشىۋاپتۇ.

كويۇڭ كەرەك، ئۇچماق يوق، ئۇچماق ئىلە كويۇڭدا،

ئول نەۋئى تەفاۋۇتدۇركىم، تامۇق ئىلە ئۇچماق.

يېشىمى: ماڭا جەننەت ئەمەس، كوچاڭ كېرەك؛ كوچاڭ بىلەن جەننەتنىڭ پەرقى جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ پەرقىدەكتۇر.

ھەم دەھر بەقاسىزدۇر، ھەم ئۇمر ۋەفاسىزدۇر،

خۇشتۇر نەفەسى ئۆزنى ئەھباب ئىلە خۇش تۇتماق.

يېشىمى: دۇنيا دېگەن باقىي ئەمەس، ئۆمۈرمۇ ۋاپاسىز، بىردەم بولسىمۇ، دوستلار بىلەن خۇشال ئۆتكەن ياخشى.

يەتمەكلىك ئەرۇر مۇشكىل مەقسەدغە، نەدىنكىم بار،

كۆز خىيرەيۇ تۈن تىيرە، ئات ئاقساقۇ يول بورتاق.

يېشىمى: مەقسەتكە يېتىش شۇنىڭ ئۈچۈن قىيىنكى، كۆز خىرەلەشكەن، تۈن قاراڭغۇ، ئات ئاقساق، يول ئېگىز - پەس.

## تەئەززە چۇشۇرگىسى

دەپسەنكى، نەۋائىينى كەلگۈم داغى ئۆلتۈرگۈم،

ئول ئۆلدى بۇ ھەسرەتدىن، كەل تەڭرى ئۈچۈن پاتراق.

يېشىمى: «ئەمدى كەلسەم نەۋائىينى ئۆلتۈرىمەن» دەپسەن، ئۇ مۇشۇ ھەسرەتتىن ئۆلدى، خۇدا ھەققى تېزرەك كەلگىن.

## نۇسخە

سەرۋى رەۋاندەك چىقسا ئول شەھر ئىچرە غەۋغا بولغۇسى،

بىر غەمزەسىندىن ھەر زامان يۈز فىتنە پەيدا بولغۇسى.

يېشىمى: ئۇ سەرۋىدەك گۈزەل نازلىق مېڭىپ چىقسا، شەھەرگە غەۋغا تېرىيدۇ؛ بىر قېتىم قاش ئېتىپ قويسىلا، يۈز پىتنە پەيدا بولىدۇ.

ئول نازەنىن قەد جان بىكىن قايدا بولۇر بولسا رەۋان،
كۆلەنگەسى شەمشاد يا سەرۋى دىئارا بولغۇسى.

يېشىمى: ئۇ نازىنىننىڭ قەددى ـ قامىتى قان كەبى: ئۇ قانداق جايدا بولسا، كۆلەڭگىسى شەمشادقا ياكى گۈزەل سەرۋى دەرىخىگە ئايلىنىدۇ.

يۈزىنىڭ ئۈزرە زۈلفىنى مەششاتەكىم شانە قىلۇر،
بازارى ھۆسنىندە ئانىڭ يۈز تۈرلى غەۋغا بولغۇسى.

يېشىمى: يۈزىگە چۈشكەن چېچىنى پەردازچىسى تاراپ قويسا، ئۇنىڭ توغرىسىدا، ھۆسىن بازىدا يۈز تۈرلۈك غەۋغا قوزغىلىدۇ.

جادۇ كۆزى دەۋرىندە خۇد كافىر بەسى بولدى، ۋەلې،
لەئلى لەبىن ئەھدىن كۆرۈپ، بارچەسى تەرسا بولغۇسى.

يېشىمى: سېھىرگەر كۆزىنىڭ ئەتراپىنى چۈرگۈلەپ كېتەلمەي، سېپى ئۆزىدىن كاپىر بولۇپ كەتتى، ئەمما ھېقىقەتەك لېۋىدىن چىققان ۋەدىسىنى ئاڭلىسا، ھەممىسى تەرسا بولۇپ كېتىدۇ.

بەرناغا تەگسە ھالى ئىشق، ئول پىيرى كامىل كۆرۈنۇر،
ھەم پىيرغە ئول ھالدىن يەتىشسە، بەرنا بولغۇسى.

يېشىمى: ئەگەر ھالىي ئىشق ياش يىگىتكە تېگىش بولسا، ئۇنى كامالەتكە يەتكەن پىر قىلىۋېتىدۇ؛ ئەگەر پىركامىل بۇ خىل ئەھۋالغا يولۇقسا، ئۇ يىگىتكە ئايلىنىدۇ.

تاپمادى ۋەسلى گەۋھەرىن مەۋجۇنى بەلادە مۇبتەلا،
بولۇپ، كۆزۈمىنىڭ ياشىدىن ھەر قەترە دەريا بولغۇسى.

يېشىمى: بالا گىردابىغا چۈشۈپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ۋىسال گۆھىرىنى تېپىش مۇمكىن بولمىدى، ئەمدى كۆز يېشىمنىڭ ھەربىر تامچىسىدىن بىر دەريا بولغۇسى.

ھافىز بولۇپدۇر فەرد ئۇسۇل دىلدارنىڭ يولىنداكىم،
جانلارغا ھەزرەتدىن نىدا بىر يولى فەردا بولغۇسى.

يېشىمى: ھافىز پەقەت ئۇ دىلدارنىڭلا يولىنى تۇتتى، جانلارغا ھەزرەتنىڭ ھۇزۇرىدىن تاڭلا كۈنى بىراقلا نىدا كەلسە كېرەك.

ئىشق سررىن ھەجر ئەسرى ناتەۋانلاردىن سوراڭ،
ئەيش ئىلە ئىشرەت تەرىقىن كامرانلاردىن سوراڭ.

يېشىمى: ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ سىررىنى ھىجرانلىققا ئەسىر بولغان ناتىۋانلاردىن سوراڭ؛ ئەيش ـ ئىشرەتنىڭ يول ـ يوسۇنىنى بولسا، مۇرادىغا يەتكەن كىشىلەردىن سوراڭ.

بىزگە جۇز مېھرۇ ۋەفا ئاينى بولمايدۇر نەسىپ،
بىۋەفالىغ رەسمىنى نامېھرىبانلاردىن سوراڭ.

يېشمى: بىزگە مېھىر - ۋاپا ئادىتىدىن باشقىسى نېسىپ بولماپتىكەن. ۋاپاسىزلىق ئادىتىنى ۋاپاسىزلاردىن سوراڭ.

بىزنى دەۋران مىھنەتىدىن ئاجىز ئەتمىش ھەم قەرى،
ھۇسن ئىلە قۇۋۋەتنى رەئنا نەۋجەۋانلاردىن سوراڭ.

يېشمى: دەۋرنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرى بىزنى ئاجىز - قېرىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ھۆسىن بىلەن كۈچ - قۇۋۋەتنى ياش گۈزەللەردىن سوراڭ.

بىدىل ئەل دىلجويلۇق يا دىلشىكەنلىك رىسمىنى،
فەھم قىلماسلار، بۇ ئىشنى دىلستانلاردىن سوراڭ.

يېشمى: شەيدا ئاشىقلار يا كۆڭۈل ئېلىشنى بىلمەيدۇ يا دىل رەنجىتىشنى ئۇقمايدۇ؛ بۇنداق ئىشلارنى كۆڭۈل ئوۋلاپ كۆنۈپ كەتكەنلەردىن سوراڭ.

نىك نام ئەل ئىشق ئارا بەدناملىغلار شىۋەسىن،
ياخشى بىلمەسلەر، ئانى بىزدەك يامانلاردىن سوراڭ.

يېشمى: «ياخشى» دەپ نامى بار كىشىلەر ئىشق - مۇھەببەت يولىدا يۈرۈپ، بەدنامغا قالغانلارنىڭ ئادىتىنى بىلمەيدۇ. ئۇنى بىزدەك يامانلاردىن سوراڭ.

فەقرلىق زەۋقىنى سورماڭ شەۋكەتۇ جاھ ئەھلىدىن،
ئول سۇئۇبەت لەززەتىن بىخانومانلاردىن سوراڭ.

يېشمى: يوقسۇللۇقنىڭ زوقىنى شان - شەۋكەتلىك ۋە مەرتىۋىلىك كىشىلەردىن سورىماڭ، بۇنداق قىيىنچىلىقنىڭ لەززىتىنى ئۆي - ماكانسىزلاردىن سوراڭ.

ئەجز تۇفراغىدا ئىشق ئەھلىغە ئۆلگەن ھۆكم بار،
قەتل ھۆكمى ئەيلەمەكنى قەھرىمانلاردىن سوراڭ.

يېشمى: ئاشىقلار ئاجىزلىق تۇپرىقىدا ئۆلتۈرۈلۈشكە ھۆكۈم قىلىنغان؛ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنى قەھرىمانلاردىن سوراڭ.

بىلمەدى مەقسۇد گەنجىنىڭ نىشانىن ئەھلى رەسم،
كى سورارسىز ئانى بىنامۇ نىشانلاردىن سوراڭ.

يېشمى: مەقسەت خەزىنىسىنىڭ ئالامەت - بەلگىسىنى ئابرويلۇق، مەرتىۋىلىك كىشىلەر بىلمەيدۇكى، ئەگەر سورىماقچى بولسىڭىز، بۇنى نام - نىشانسىزلاردىن سوراڭ.

## نۇسخە چۈشۈرگىسى

چۈن نەۋائىي ئىشق سەھراسىندا يىتتى، دوستلار،
ئانى ئول ياندىن يەتىشكەن كارۋانلاردىن سوراڭ.

يېشىمى: ئەي دوستلار، نەۋائىي ئىشق چۆلىدە يىتىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ دېرىكىنى ئاشۇ تەرەپتىن كەلگەن كارۋانلاردىن سوراڭلار.

## يارىم ساقىي

لەئلىدىن چۈنكى تەككەللۇمدا تامار ئابى ھەيات،
ساۋۇغ ئاھىمدىن ئەرۇر باغلانسا مۇز ھەببى نەبات.

يېشىمى: ئۇ گەپ قىلسا، ئېغىزىدىن بەجايىكى تىرىكلىك سۈيى تامىدۇ؛ شۇڭا سوغۇق ئاھلىرىم تۈپەيلىدىن ئۇ مۇزلىسا، ناۋات كۇمىلچىغا ئايلىنىدۇ.

ئول پەرى كۆزدىن ئۇچار، كۆز داغى شەۋقىدىن ئۇچار،
ۋاھكى، مەن ئۇچقالى ھەم يوقتۇرۇر ئىگىنىمدە قانات.

يېشىمى: ئۇ پەرى كۆزۈمدىن ئۇچۇۋاتىدۇ، كۆزۈممۇ ئۇنىڭ ئىشتىياقىدىن ئۇچقىلى تۇردى؛ ئەپسۇسكى مەن ئۇچاي دېسەم، قانىتىم يوق.

ئا يارىم ساقىي، ئا يارىم، يارەي، جەننەتلەر باقىي،
يېشىمى: ئا يارىم، يارەي سەنىڭغىنا دەردىڭ يامان.

زۇلفۇڭ ئاللىدا بىنەفشە سۇدا كۆرگەچ ئەكسىنى،
قويمادى يانە باشىن يۇققارى قىلماقغا ئۇيات.

يېشىمى: بىنەپشە گۈلى سۇدا ئۆز ئەكسىنى كۆرگەندە، چېچىڭنىڭ گۈزەللىكى ئالدىدا، ئۆزىنىڭ ھېچنېمە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇياتتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

ناربىان ھەر نەچە پات كەلسە، كۆرۈنۈپ ماڭا كەچ،
كەلىبان ھەرنەچە كەچ بارسا، كۆرۈنۈر ماڭا پات.

يېشىمى: ئۇ كېتىپ ھەرقانچە تېز كەلسىمۇ، ماڭا كېچىكىپ كەلگەندەك تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ كېلىپ ھەرقانچە كەچ قايتسىمۇ، يەنىلا تېز قايتىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ.

سىررى ئىشقىڭنى دەي ئالمان يازا ھەم ئالمانكىم،
تىلى ئىكى قەلەمۇ كۆڭلى قارا كەلدى دۈۋات.

يېشمى: ئىشقىڭنىڭ سىرىنى ئېيتالمايمەن ھەم يازالمايمەن. چۈنكى قەلەمنىڭ تىلى ئىككى، دۇۋەتنىڭ كۆڭلى قارا كېلىپ قالدى.

ئا يارىم ساقىي، ئا يارىم، يارەي، جەننەتلەر باقىي،
ئا يارىم، يارەي، سەنىڭغىنا دەردىك يامان.

مەن تىلەپ ھۆسن، ۋەلى شاھ تىلەپ ئەسلۇ نەسەپ،
ماڭا لولى بىلە ھىندۇ، ئاڭا قوڭراتۇ قىيات.

يېشمى: مەن ھۆسن تىلەيمەن، لېكىن شاھ ئەسلى نەسەبنى تىلەيدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا دولان بىلەن ھىندۇ، ئۇنىڭغا قوڭرات بىلەن قىيات (قەدىمىي تۈرك قەۋملىرى) كېرەك.

ساقىيا، ھۇش كەرەكمەس ماڭا ھىجران دەمىدە،
بادە تۇتۇ، دارۇيى بىھۇشنى ۋەلي بادەغە قات.

يېشمى: ئەي ساقىي، ھىجران پەيتىدە، ماڭا ھۇشنىڭ لازىمى يوق، شۇڭا شاراب تۇتقىن - دە، لېكىن ئۇنىڭغا ھۇشسىزلاندۇرۇش دورىسىنى قاتقىن.

تىلەدىم يار، ھەيات ئەيلەي ئاڭا سەرف دەدىم،
ۋاھكى، ئول داغى ۋەفا قىلمادى ئانداغكى ھايات.

يېشمى: يارنى تىلىدىم، ئۇنىڭغا «ھاياتىمنى بېغىشلاي» دېدىم؛ مىڭ ئەپسۇس، ئۆمۈر ۋاپا قىلمىغىنىدەك، يارمۇ ۋاپا قىلمىدى.

ئەي نەۋائىي، تىلەسەڭ سېلى فەنادىن مەخلەس،
فەقر دەشتىدە كەرەك تاغدەك ئارامۇ سەبات.

يېشمى: ئەي نەۋائىي، ئۆزلۈكىدىن يوقىتىش سېلىدىن چىقىش يولى تىلىسەڭ، يوقسۇللۇق دەشتىدە، تاغدەك ئېغىر - بېسىق ۋە چىدامىلىق بول.

ئا يارىم ساقىي، ئا يارىم، يارەي، جەننەتلەر باقىي،
ئا يارىم، يارەي، سەنىڭغىنا دەردىك يامان.

## يارىم ساقى چۇشۇرگىسى

ئايارىم ساقىي، ئا يارىم، يارەي، جەننەتلەر باقىي،
ئايارىم، يارەي، سەنىڭغىنا دەردىك يامان.

يېشمى: ئېھ، دوستۇم ساقىي،جەننەتلەرمەڭگۈلۈك؛ سېنىڭلادەردىك يامان ئەمائۈنى كۆرگۈلۈك.

## مۇستەھزاد

ھېچ كىشىنى قويماغىل، يا رەب،غەمى ھىجران بىلە،
يۇسۇفى كەنئانغائوخشا مېھنەتى زىندان بىلە.
يېشىمى: ئى پەرۋەردىگار، ھېچكىمنى جۇدالىق غېمىگەمۇپتىلاقىلما، كەنئانلىق يۇسۇپكەئوخشاش زىندان ئازابىغىمۇگىرىپتارقىلما.

كۆرسەلەر گەر خانۇ شاھلەر بەلكى سۇلتانى زەمان،
قىلغۇدەكدۇر خىزمەتىڭنى، ئەي پەرىۋەش، جان بىلە.
يېشىمى: ئەي پەرىدەك گۈزەل، ئەگەر سېنى خان - شاھلار، ھەتتا زامانىنىڭ سۇلتانى كۆرسىمۇ، «جان» دەپ خىزمىتىڭنى قىلغۇدەك.

كۆرمەدىم لەئلى لەبىڭنى يا تىشىڭدەك گەۋھەرى،
قانچە ئاختاردىم جەھاننى بەھر ئىلەيۇ كان بىلە.
يېشىمى: جاھاننىڭ دېڭىزلىرىنى ئاختۇردۇم، كانلىرىنى قازدىم، ئەمما، لېۋىڭدەك ياقۇتنى، چىشىڭدەك گۆھەرنى ئۇچراتمىدىم.

بىرگىنە كۆرمەي يۈزۈڭنى دەھر ئارادا تويغۇنچە،
كەتكۈدەكمەن ئاقىبەت بۇ ئارزۇ ئەرمان بىلە.
يېشىمى: بۇ دۇنيادا چىرايىڭنى بىر قېتىممۇ قانغىچە كۆرەلمەي، ئاقىۋەتتە شۇ ئارزۇ - ئارمان بىلەن ئالەمدىن كەتكۈدەكمەن.

ئول گۈلى جەننەت فىراقىدا، قەلەندەر، سۇبھۇ شام،
ئۆتكۈدەكمەن بۇلبۇل ئوخشا نالەيۇ ئەفغان بىلە.
يېشىمى: مەن قەلەندەر، ئۇ جەننەت گۈلىنىڭ پىراقىدا، بۇلبۇلغا ئوخشاش ئەتىگەندىن كەچكىچە نالە - پىغان چېكىپلا ئۆتكۈدەكمەن.

## جۇلا

قىرىق كۈن بولدى، ئەي يارىم، ۋىسلىڭدىن جۇدادۇرمەن،
ۋىسلىڭدىن جۇدا بولغاچ غەمگە مۇبتەلادۇرمەن.
يېشىمى: ئى يارىم، ۋىسالىڭدىن جۇدا بولغىلى قىرىق كۈن بولدى، سېنى كۆرەلمىگەچ غەم - قايغۇغا گىرىپتار بولدۇم.

زۇھرانىڭ فىراقىدا دەر - بەدەر گەدا دۇرمەن،

كۆل بولدى مەنىڭ جىسمىم، بىر يولى ئەدادۇرمەن.

يېشىمى: زۇھرانىڭ جۇدالىقى دەردىدە، ئىشىكمۇ ئىشىك تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىمەن؛ ۋۇجۇدۇم كۆيۈپ كۆل بولدى، بىر يولىلا تۈگىشىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

ئاي يۈزۈڭنى بىر كۆرسەم، باشلارىڭدىن ئۆرگۈلسەم،

ئۆلسەم ئەرمانىم يوقتۇر، ئاياغىڭدا جان بەرسەم.

يېشىمى: ئاي يۈزۈڭنى بىر كۆرسەم، ئەتراپىڭدا پەرۋانە بولسام؛ ئايىغىڭدا جان بەرسەم، ھېچ ئارمىنىم يوق.

بۇ تاغلار ئەگىز تاغلار، ئاشىق يولىنى باغلار،

بوش قالدى چاھار باغلار، تاھىر ئۆلسە كىم يىغلار.

يېشىمى: بۇ ئېگىز تاغلار ئاشىقنىڭ يولىنى توسىدۇ؛ تۆت پەسىللىك باغلار بوش قالدى، تاھىر ئۆلۈپ كەتسە كىم يىغلار؟

بۇ تاغلار ئەگىز تاغلار، مەئشۇق يولىنى باغلار،

بوش قالسا چاھار باغلار، تاھىرغا زۇھرا يىغلار.

يېشىمى: بۇ ئېگىز تاغلار مەشۇقنىڭ يولىنى توسىدۇ؛ تۆت پەسىللىك باغلار بوش قالسا، تاھىرغا زۇھرا يىغلايدۇ.

## سەنەم

جانىمدا ئەلىف يەڭلىغ ئول سەرۋى مەكان ئەتمىش،

جىم نۇقتەسىدەك داغىن جانىمدا نىھان ئەتمىش.

يېشىمى: ئۇ سەرۋى بويلۇق گۈزەل جېنىمنىڭ ئىچىگە ئېلىپتەك ماكانلاشتى؛ قايغۇ - ئەلەملىرىنى جېنىمنىغا «ج» ھەرپىنىڭ چېكىتىگە ئوخشاش يوشۇردى.

جانىمنى ھەدەف ئەيلەپ، كىرپىكلەرى سەف ئەيلەپ،

غەمزە ئوقىن ئاتماقغا قاشىنى كەمان ئەتمىش.

يېشىمى: كىرپىكلىرىنى سەپكە تىزغۇزۇپ، جېنىمنى نىشانغا ئېلىپ، غەمزە ئوقىنى ئېتىش ئۈچۈن قېشىنى يا (كامان) قىلدى.

مەن بىدىلىي ھەيرانغا ھەم كۆزلەرى گىريانغا،

چىرماشماق ئۈچۈن جانغا زۈلغىنى يىلان ئەتمىش.

يېشىمى: نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ياش تۆكۈۋاتقان مەن بىچارىنىڭ جېنىغا چىرمىشىش ئۈچۈن، چېچىنى يىلان قىلدى.

ئول دىلبەرى مەھۋەشكە غەمزە بىلە دىلكەشكە،
چېھرەم ئۈزە قان ياشىم ھالىمنى بەيان ئەتمىش.
يېشىمى: يۈزۈمدىكى قانلىق يېشىم ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەل دىلكەشكە ئەھۋالىمنى بايان قىلدى.

يارىم ماڭا سۆز قاتىپ، غەمزە بىلەن قاش ئاتىپ،
ئىشق ئوتىدا سارغارتىپ، چېھرەمنى سامان ئەتمىش.
يېشىمى: يارىم ماڭا گەپ ئېتىپ، غەمزە بىلەن قاش ئېتىپ كۆيدۈرىۋالدى، ئىشق ئوتىدا چىرايىمنى ساماندەك سارغايتتى.

ئىشقىڭدا كەتەر باشىم، لەئلىڭ غەمى يولداشىم،
ئول شوخ قاراقاشىم مەندىن نە گۇمان ئەتمىش.
يېشىمى: ئىشقىڭدا بېشىم كېتىدۇ، لېۋىڭنىڭ غېمى ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئۆتىدۇ؛ ئەي شوخ قاراقاش گۈزىلىم، مەندىن نېمانچە گۇمانلىنىدىغانسەن؟

ئىشق ئوتىدا داغلايدۇر، زۇلفى بىلەن باغلايدۇر،
ئۆلتۈرگەلى چاغلايدۇر، بۇ قۇل نە زىيان ئەتمىش.
يېشىمى: ئۇ ئىشق ئوتىدا يۈرىكىمنى داغلايدۇ؛ چاچلىرى بىلەن باغلاپ، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولىۋاتىدۇ؛ مەندەك بىر قۇلدىن ئۇنىڭغا زادى نېمە زىيان يەتكەندۇ؟

دىلخەستە ۋەفائىينى ئول كۆزلەرى مەستانە،
باغرىنى كەباب ئەيلەپ، كۆڭلىن تولا قان ئەتمىش.
يېشىمى: ئۇ خۇمار كۆزلۈك يار، باغرى ئېزىلگەن ۋافائىينىڭ جىگىرىنى كاۋاپ قىلىپ، يۈرىكىنى لىق قان قىلىۋەتتى.

## چوك سەلىقە

كۆرسەت جەمالىڭ مەستانەلەرگە،
ئىقىڭدا كۆيگەن پەرۋانەلەرگە.
يېشىمى: ئىشق ئوتۇڭدا پەرۋانىدەك كۆيگەن مەندەك مەستانىگە جامالىڭنى كۆرسەت.

يوق ماڭا تاقەت قىلسام قەنائەت،
غەمزە قىلۇرسەن بىگانەلەرگە.
يېشىمى: ياتلارغا غەمزە قىلساڭ، مەندە ئۇنىڭغا قانائەت قىلىپ تۇرغىدەك تاقەت يوق.

مەندىن دۇئايى سەندىن ئجابەت،
جانىم تەسەددۇق جانانەلەرگە.

يېشىمى: تىلەك مەندىن، يەتكۈزمەك سەندىن؛ جانانغا جېنىم تەسەددۇق.

ئەي زۇلمى قاتىغ، رەھىم ئەيلەمەيسەن،
قىلغىل نەزارە بىچارەلەرگە.
يېشىمى: ئەي زۇلمى قاتتىق يار، مەن بىچارىگە رەھىم قىلمىساڭمۇ، نەزەر سېلىپ قويغىن.

پەردەنى ئاچغىل ئايدەك يۈزۈڭدىن،
كۆرسەت جەمالىڭ دىۋانەلەرگە.
يېشىمى: ئايدەك يۈزۈڭدىن چۈمپەردىنى ئېچىپ، مەن مەجنۇنغا جامالىڭنى كۆرسەت.

مەشرەپ غەرىبىڭ، بەندەم دەگەيسەن،
باشىنى قويدى ئاستانەلەرگە.
يېشىمى: غېرىب مەشرىبىڭ بوسۇغاڭغا بېشىنى قويدى، ئۇنى «قۇلۇم» دېگەيسەن.

## كىچىك سەلىقە

## بىرىنچى ئاھاڭ

سەنى لەيلىئى رەئنادەك ئەجايىب دىلرەبا دەرلەر،
مەنى مەجنۇنى ھەيراندەك كويۇڭدا بىر گەدا دەرلەر.
يېشىمى: سېنى دىلنى مەپتۇن قىلغۇچى لەيلىدەك ئاجايىپ بىر دىلرەبا دېيىشىدۇ؛ مېنى تىڭىرقاپ قالغان مەجنۇندەك كوچاڭدا يۈرگەن بىر تىلەمچى دېيىشىدۇ.

ئەجەبدۇر، ئەي شاھى خۇبان، كەچە - گۈندۈز ئىشىكىڭدە،
ھەمىشە مەن نەۋا قىلسام: «داغى سەن بىنەۋا»دەرلەر.
يېشىمى: ئەي گۈزەللەر شاھى، مەن ئىشىكىڭدە كېچە - كۈندۈز نالە - ناۋا قىلىۋاتسام، ئەجەبا، كىشىلەر مېنى «سەن تېخى نالە - ناۋا قىلمىدىڭ» دېيىشىدۇ - يا؟

باقىبان ئەل سارى، جانا، يۈزۈڭدىن بىر نىقاب ئالساڭ،
زۇخۇڭنى چۈن مەھى ئەنۋەر، تەجەللىئى خۇدا دەرلەر.
يېشىمى: ئەي جان، ئەلگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ، يۈزۈڭدىن چۈمپەردەڭنى بىر ئاچساڭ، رۇخسارىڭنى «بەجايىكى نۇرلۇق ئاي، ئاللاھ مەرھەمىتىنىڭ جىلۋىسى» دېيىشىدۇ.

تەبەسسۇم ئەيلەبان ناگاھ نەزەر قىلساڭ گورىستانغا،
قوپۇپ گوردىن بارى مۇردەھەمە «ۋا ھەسرەتا!» دەرلەر.

يېشىمى: ئەي جان، ئەلگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ، يۈزۈڭدىن چۈمپەردەڭنى بىر ئاچساڭ، رۇخسارىڭنى «بەجايىكى نۇرلۇق ئاي، ئاللاھ مەرھەمىتىنىڭ جىلۋىسى» دېيىشىدۇ.

تەبەسسۇم ئەيلەبان ناگاھ نەزەر قىلساڭ گورىستانغا،
قوپۇپ گوردىن بارى مۇردەھەمە «ۋا ھەسراتا!» دەرلەر.

يېشىمى: گۆرىستانغا قاراپ شۇنداققىنا بىر تەبەسسۇم قىلىپ قويىدىغان بولساڭ، بارلىق مۇدرىلار گۆرلىرىدىن قوپۇپ، «ۋاي ئېسىت، ئەجەپ گۈزەلكىن - ھە!» دەپ قېلىشىدۇ.

كۆرۈبان بەئزى ئاشىقلاركى ھەلقە - ھەلقە زۇلفۇڭنى،
ئەزەلدىن بىزگە سالغان بۇ ھەمە زەنجىرى پا دەرلەر.

يېشىمى: ئاشىقلار ھالقا - ھالقا بولۇپ تۇرىدىغان بۇدرە چېچىڭنى كۆرگىنىدە، «بۇنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىن پېشانىمىزغا پۈتۈلۈپ، پۇتىمىزغا سېلىنغان كىشەن» دېيىشىدۇ.

يۈرۈپ سورۇم تەبىبلەردىن: «نەدۇر بۇ دەردىمەن دەرمان؟»
تەبىب ئايتۇركى:«ئەي نادان، بۇ دەردى بىدەۋا» دەرلەر.

يېشىمى: تېۋىپلارنى ئىزدەپ، ئۇلاردىن:«بۇ دەردىمنىڭ دەۋاسى نېمە؟»دەپ سورىسام، بىر تېۋىپ: «ئەي نادان، بۇ داۋاسىز دەرد دېيىلىدۇ» دېدى.

ئىتىكىنىڭ خاكى پايىغا زەلىلى يۈزىنى سۈردى،
نىدا كەلدىكى قەسرىڭدىن:«كۆزۈك سۈر، تۇتيا دەرلەر».

يېشىمى: زەلىلي ئىتىكىنىڭ پۇتىدىكى توپىنى يۈزىگە سۈرگەنىدى، قەسرىڭدىن: «كۆزۈڭگە سۈرگىن، ئۇنى ‹تۇتيا› دەيدۇ» دېگەن سادا كەلدى.

## ئىككىنچى ئاھاڭ

ئەي رەفىق سەن ساقلاغىل كۆڭلۈڭدە بىر ئەسرارى بار،
ياردىن قىلغىل ھەزەر، ياندا بىر ئەغيارى بار.

يېشىمى: ئەي دوست، كۆڭلۈڭدىكى سىرىڭنى چىڭ ساقلا، ھەتتا يارىڭدىنمۇ ھەزەر قىل، ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر بىگانە بولۇپ قالسا.

دەمەگىل دەپ سەن ئاڭا سىررىڭنى قىلساڭ ئاشكار،
ئول ھەم ئايتۇر دەمە دەپ، ئانىڭمۇ ھەم بىر يارى بار.

يېشىمى: يارىڭغا «باشقىلارغا دېمە» دەپ، سىرىڭنى ئېيتساڭ، ئۇنىڭمۇ بىر دوستى بولۇپ قالسا، «دېمە» دەپ، ئېيتىپ قويىدۇ.

گۈندۈز قىلساڭ سۆخەن، بول ھەر تەرەفدىن باخەبەر،

كەچەلەر ئاھستە بول، يانىڭدا بىر بىداريي بار.

يېشىمى: كۈندۈزى گەپ قىلساڭ، دەسلەپ ئەتراپقا باق؛ كېچىدە گەپ قىلساڭ، ئېغىزنى قۇلاققا ياق: ئەگەر يېنىڭدا بىرەر ئويغاق بولۇپ قالسا.

خەندە قىلغان بىرلە ھەركىم سەن ئاڭا بولسا فىرىب،

گۈل ئاچىلغان بىرلە ئانىڭ ياندا بىر خارى بار.

يېشىمى: بىراۋ ساڭا قاراپ كۈلۈپلا قويسا، ئۇنىڭغا ئالدىنىپ قالما؛ ھەزەر قىلكى ئېچىلغان گۈلنىڭ يېنىدا تىكىنى بولىدۇ.

گۈل ئۈچۈن بۇلبۇل ھەمىشە جاننى ئيسار ئەتەر،

ئاقىبەت بۇلبۇلنىڭ ھەم بىر خاردىن ئازارى بار.

يېشىمى: بۇلبۇل گۈل ئۈچۈن دائىم جېنىنى پىدا قىلسىمۇ، ئاقىۋەتتە بۇلبۇلغىمۇ بىرەر تىكەندىن ئازار يەتمەي قالمايدۇ.

دانىشىڭغا بولما مەغرۇر، ئەي فۇلان ئىبنى فۇلان،

بۇ جەھان سەھنىندە سەندەك يۈز تۈمەن ھۇشياريي بار.

يېشىمى: ئەي پالانىنىڭ ئوغلى پالانى، بىلىمىڭ ۋە ئەقلىڭگە مەغرۇرلانما، بۇ جاھاننىڭ سەھنىسىدە سەندەك يۈز تۈمەن ئەقىللىق بار.

سەن كۆڭلۈڭدىن ھەر زامان باتىل خەيالىڭنى چىقار،

خەيرىييەت ئەندىشە قىلغىل، ساھىبى ئەسرارى بار.

يېشىمى: كۆڭلۈڭنى بۇزۇق خىياللاردىن ھەمىشە تازىلاپ تۇرغىن، ياخشىلىق قىلىشنى، پۈتكۈل سىر – ئەسرارلارنىڭ ساھىبى بارلىقىنى ئويلا.

## كىچىك سەلىقە چۇشۇرگىسى

ئەي زۇمۇررەد، بىر خۇدادىن ئۈزگەنى تۇتما ئۈمىد،

ھەقدىن ئۈزگە قايدا بارساڭ بىر بۇزۇق دىۋارى بار.

يېشىمى: ئەي زۇمۇررەد، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن ئۈمىد كۈتمە، ھەقتەئالادىن باشقا نەگىلا بارساڭ، بىر ۋايرانىلىقتۇر.

## پىشرەۋ

ئەي گۈلۈم، ئەي سۈنبۈلۈم، ئەي سەۋسەنىم، ئەي ئەنبەرىم،

ئەي مەنىم نۇقلىم يەنە ھەببىم، نەباتۇ شەكەرىم.

يېشىمى: ئەي مېنىڭ گۈلۈم، سۈمبۈلۈم سەۋسىنىم، ئەي مېنىڭ ئىپار - ئەنبىرىم، مېغىزىم، ناۋات - شېكىرىم.

ئەي تەبىبىم، ئەي ھەبىبىم، ئەي جانىم، ئەي ھەمدەمىم،
ئەي رەفىيقىم، ئەي شەفىيقىم، ئەي بەگىم، ئەي دىلبەرىم.
يېشىمى: تېۋىپىم، دوستۇم، جېنىم، ھەمدىمىم، يارىم، شەپقەتچىم، بېگىم، دىلبىرىم.

ئەي بەھارىم، ئەي نىگارىم، ئەي شىكارىم، شاھىدىم،
ئەي ھەرىيفىم، ئەي زەرىيفىم، ئەي شەرىيفىم، سەرۋەرىم.
يېشىمى: ئەي باھارىم، نىگارىم، شىكارىم، گۇۋاھچىم، شېرىكىم، ئەقىللىقىم - زېرىكىم، شەرىپىم، يولباشچىم.

ئەي گۈلىستانىم، گۈلۈم، سەرۋى گۈلئەندامىم مەنىم،
ساغەرىم، شەمئى شەبىستانىم، مەلائىك مەنزەرىم.
يېشىمى: ئەي گۈلىستانىم، مېنىڭ سەرۋى قامەتلىك گۈزىلىم، شارابىم، تۈندىكى چىراغىم، پەرىشتە سۈپەتلىكىم.

ئەي رەياھىن، راھىمۇ روھى رەۋانىم لۇتف ئىلە،
سەرفەرازىم، سەركەشىم، شوخۇ سەئادەت ئەختەرىم.
يېشىمى: ئەي رەيھىنىم، يولۇم، روھلۇق جېنىم، مەرھەمەتلىكىم، ئۇلۇغۋارىم، غورۇرۇم، شوخ يارىم، بەخت يۇلتۇزۇم.

ئەي مەنىم خۇرشىدۇ ماھىم، ئەي چىراغىم، فايىزىم،
شوخى چەشىم ئەلتافى شاھىم، ئەي مۇبارەك پەيكەرىم.
يېشىمى: ئەي مېنىڭ قۇياشىم، ئېيىم، چىرىغىم، پەيزىم، كۆزلىرى شوخ، مەرھەمەتلىك شاھىم، ئەي مۇبارەك گۈزىلىم.

## پېشرەۋ چۇشۇرگىسى

ئىشقىڭ ئالدى ئەقلۇھۇشۇم، كۆڭلۈمى بەغمالادى،
سۆيلە ئاخىر، ئەي نەسىمى، جانۇ دىلدىن بىھتەرىم.
يېشىمى: ئەي جان - دىلدىنمۇ ئەزىز سۆيگىنىم، ئىشقىڭ نەسىمىنىڭ ئەقىل - ھۇشىنى يوقىتىپ، كۆڭلىنى تالان - تاراج قىلدى، سۆزلىسەڭچۇ، ئاخىر.

## تەئكىد

سەنەمنى دەردىنى دەفتەر قىلىپ خەتكە بىتىپ بولماس،
ئانى ئەسرارىنى بىفەھىملەرگە شەرھ ئەتىپ بولماس.

يېشىمى: سەنەمنىڭ دەردىنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ؛ ئۇنىڭ سىرلىرىنى نادانلارغا چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ.

جۇدالىق خەنجەرى بىرلە يۈرەكىم چاك - چاك بولدى،
يۈرەك زەخمىن ئاچىپ بىدەردلەرغە كۆرسەتىپ بولماس.

يېشىمى: جۇدالىق خەنجىرى يۈرىكىمنى تىلىم - تىلىم قىلىۋەتتى؛ يۈرەكتىكى بۇ جاراھەتلەرنى دەردسىزلەرگە كۆرسەتكىلى بولمايدۇ.

فەلەكنى ئەختەرىن قىلسا بولۇر دەرلەر ھىسابىنى،
يۈرەكىم زەخمىنى ھەرگىز ھىسابىنى بىلىپ بولماس.

يېشىمى: «كۆكتىكى يۇلتۇزلارنىڭ ھېسابىنى بىلىش مۇمكىن» دېيىشىدۇ، لېكىن يۈرىكىمدىكى يارا - جاراھەتلەرنىڭ سانىنى ھېسابلىغىلى بولمايدۇ.

ئەلەم تارتىپ، يۈرەك كۆيمەي، قارا كۆزدىن تۆكۈلمەس ياش،
قازاننى ئاستىغا ئوت ياقماغۇنچە قايناتىپ بولماس.

يېشىمى: قازاننىڭ ئاستىغا ئوت ياقمىغىچە ئۇنى قايناتقىلى بولمايدۇ؛ دەرد - ئەلەم تارتىپ يۈرەك ئۆرتەنمىگىچە، قارا كۆزدىن ياش تۆكەلمەيدۇ.

ھۇۋەيدا، ھەر ئىشىكىم بىمۇشەققەت بولماغاي ھاسىل،
مۇشەققەت تارتماغۇنچە يار ۋەسلىغە يەتىپ بولماس.

يېشىمى: ئەي ھۇۋەيدا، ھەرقانداق بىر ئىش جاپا - مۇشەققەتسىز ۋۇجۇدقا چىقمايدۇكى، مۇشەققەت تارتمىغىچە يار ۋەسلىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

## داستان

## بىرىنچى داستان

كەل غەرىبجان، سەير ئەتەلى بىزلەر بۇ باغدا،
گۈللار كۆرسۈن بۇلبۇللارنىڭ تەماشاسىنى.
سەنىڭ ئۈچۈن ئەزىز جانىم بولسۇن سەدەقە،
كۆرگىل، سەنەم شەيدانىڭ تەماشاسىنى.

يېشىمى: كەل غەرىبجان، بىز بۇ باغدا سەيلە قىلايلى، گۈللەر بۇلبۇللارنىڭ تاماشاسىنى كۆرسۇن؛ سېنىڭ ئۈچۈن ئەزىز جېنىم سەدىقە بولسۇن، شەيدا ئاشىق سەنەمنىڭ تاماشاسىنى كۆرگىن.

ئول خۇدايىم ياراتتى جەننەتۇر رىزۋان،
بۇ دۇنيادا نىئمەتلەر بەردى مىڭ ئەلۋان.
لەيلى ئۈچۈن نەچە يىل يۈردى سەرگەردان،
مەجنۇن كۆرسۇن لەيلانىڭ تەماشاسىنى.

يېشىمى: ئۇ ئاللاھ ھۆرلەر جەننىتىنى ياراتتى، بۇ دۇنيادا ئىنسانلارغا مىڭ تۈرلۈك نېمەت بەردى؛ لەي ئۈچۈن نەچچە يىل سەرگەردان بولغان مەجنۇن ئەمدى لەيلىنىڭ تاماشاسىنى كۆرسۇن.

ئىشق ئوتى ئاشىقلارنى ئەيلەدى بەرباد،
ئاشىق - مەئشۇق ئوت ئىچرە قىلدى مىڭ فەرياد،
بىستۇن تاغلارنى قازدى ئول فەرھاد،
شىرىن كۆرسۇن فەرھادنىڭ تەماشاسىنى.

يېشىمى: ئىشق ئوتى ئاشىقلارنى بەربات قىلدى، ئاشىق - مەشۇقلار ئىشق ئوت ئىچىدە مىڭ پەرياد قىلدى؛ ئۇ فەرھاد بىستۇن تاغلىرىنى قازغان ئىدى، ئەمدى شىرىن فەرھادنىڭ تاماسىنى كۆرسۇن.

ئول خۇدايىم ھەر كىمگە سالدى بىر سەۋدا،
مۇھەببەتنىڭ بازارىدا تۈمەنمىڭ غەۋغا.
ئون ئىككى يىل ئاقتىلار دەريادا ئۈزرا،
ۋامىق كۆرسۇن ئۈزرانىڭ تەماشاسىنى.

يېشىمى: ئۇ خۇدايىم ھەركىمنىڭ بېشىغا بىر سەۋدا سالدى، ئىشق - مۇھەببەتنىڭ بازىرىدا تۈمەنمىڭ غوۋغا بار؛ ئۈزرا دەريادا ئون ئىككى يىل ئاققىندى، ئەمدى ۋامىق ئۈزرانىڭ تاماسىنى كۆرسۇن.

غەرىب - سەنەم قوشۇلدىلار باغدا جەمئ بولۇپ،
يۈرەكلەرى پارە - پارە، كۆزى نەم بولۇپ،
ئىكى ئاشىق بىر - بىرىگە يار ھەمدەم بولۇپ،
تاھىر كۆرسۇن زۆھرانىڭ تەماشاسىنى.

يېشىمى: غەرىب - سەنەم باغدا جەم بولۇپ بىر - بىرىگە قوشۇلدى، يۈرەكلىرى پارە- پارە، كۆزلىرى نەملەشكەن بۇ ئىككى ئاشىق بىر - بىرىگە يار ھەمدەم بولۇشتى. ئەمدى تاھىر زۆھرانىڭ تاماشاسىنى كۆرسۇن.

## ئىككىنچى داستان

ئەي كۆڭۈل، يارنىڭ ۋەفاسى قالدىمۇ؟
قىلماغان جانغا جەفاسى قالدىمۇ؟

يېشمى: ئەي كۆڭۈل، يارنىڭ ۋاپاسى، جانغا سالمىغان جاپاسى يەنە قالدىمۇ؟

ئاتماغان سىنەمگە ئول پەيۋەستە قاش،
مىژگان ئوقى - قاشى ياسى قالدىمۇ؟
يېشمى: ئۇ قوشۇلما قاشنىڭ يۈرىكىمگە ئاتمىغان كىرپىك ئوقى، قېشىنىڭ ياسى قالدىمۇ؟

پارە بولغان كۆكسۈمە پەيكانىدىن،
قىلغاغان يارنىڭ دەۋاسى قالدىمۇ؟
يېشمى: پارە - پارە بولغان يۈرىكىمگە يارنىڭ كىرپىك ئوقى بىلەن قىلمىغان داۋاسى قالدىمۇ؟

ئۆرتەنىپ ھەجرىدە كۇل بولماق بىلە،
جانۇ كۆڭلۈمنىڭ سەفاسى قالدىمۇ؟
يېشمى: يارنىڭ جۇدالىقىدا ئۆرتىنىپ، كۆيۈپ كۇل بولغان جان - دىلىمنىڭ ساپاسى قالدىمۇ؟

جان فىدا قىلدىڭ دەر ئەردىڭ، ئەي كۆڭۈل،
بولماغان جانان فىداسى قالدىمۇ؟
يېشمى: ئەي كۆڭۈل، «جېنىڭنى پىدا قىلىۋەتتىڭ» دەيتتىڭ، ئۇنىڭدىن باشقا زادى جانانغا پىدا قىلمىغان نەرسەمۇ قالدىمۇ؟

يار كويىدا قەلەندەر بولغالى،
مەندىن ئۆزگە بىنەۋاسى قالدىمۇ؟
يېشمى: يارنىڭ كوچىسىدا قەلەندەر بولۇشقا مەندىن باشقا يوقسۇلى قالدىمۇ؟

يار ھەجرىدە نىيازىي ئۆرتەنىپ،
تارتماغان جەبرۇ جەفاسى قالدىمۇ؟
يېشمى: يارنىڭ جۇدالىقىدا ئۆرتەنگەن نىيازىينىڭ تارتمىغان جەبىر - جاپاسى يەنە قالدىمۇ؟

چۇشۇرگە:
ئەي كۆڭۈل، يارنىڭ ۋەفاسى قالدىمۇ؟
قىلماغان جانغا جەفاسى قالدىمۇ؟
يېشمى: ئەي كۆڭۈل، يارنىڭ ۋاپاسى، جانغا سالمىغان جاپاسى يەنە قالدىمۇ؟

## ئۈچىنچى داستان

ئۈستى قارلىق ئاپئاق تاغلار،

ئەھۋالىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟
دۈشمەنلەرگە بەندە بولۇپ،
قالغانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

يېشىمى: ئۇستى ئاپئاق قار بىلەن پۈركەنگەن تاغلار، ئەھۋالىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟ دۈشمەنلەرگە قۇل بولۇپ قالغانلىقىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

نەزەر ئەيلەڭ كۆز ياشىمغا،
ھېچكىم كەلمەيدۇر قاشىمغا.
قامچى ياغىپ بۇ باشىمغا،
تۇرغانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

يېشىمى: كۆز يېشىمغا نەزەر سېلىڭ، ھېچكىم قېشىمغا كەلمەيدۇ؛ بېشىمغا قامچا يېغىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟

قىرق يىگىتىم بارچە قالىپ،
ئۆزۈمنى مەن غەمگە سالىپ،
ئەھمەد بەگنى بىللە ئالىپ،
كەلگەنىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

يېشىمى: قىرىق يىگىتىمنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرۇپ، ئۆزۈمنى غەم - ئەندىشىگە سېلىپ، ئەھمەد بەگنى بىللە ئېلىپ كەلگەنلىكىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

بەندە بولدۇم، شۇل ئىرادە،
قالدىم تۇمەن مىڭ بەلادە.
دۈشمەن ئاتلىق، مەن فىيادە،
يۈرگەنىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

يېشىمى: ئاللاھ ئىرادىسى بىلەن قۇل بولۇپ قالدىم، تۈمەنمىڭ بالا - قازاغا يولۇقتۇم؛ دۈشمەن ئاتلىق، مەن پىيادە كېتىۋاتقىنىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

يۇسۇف بەگ دەر: سىينەم داغلاپ،
ئەرمانىم كۆپ، مۇندا يىغلاپ،
ئات ئالدىدا قولۇم باغلاپ،
ماڭغانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

يېشىمى: يۇسۇپ بەگ ئېيتىدۇكى: «يۈرىكىم كاۋاپتەك داغلانماقتا، ئارزۇيۇم كۆپ، ئەمما مەن بۇ يەردە يىغلاپلا يۈرىمەن؛ ئاتلىق دۈشمەننىڭ ئالدىدا، قولۇم باغلاقلىق كېتىۋاتقىنىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟»

## تۆتىنچى داستان

فەلەك ئاشۇبىدىن كىم مەن كەبى زارۇ نىزار ئولغاي،
جەھان زۇلمى، ئۇلۇس بىدادىدىن بىئىئتىبار ئولغاي.

يېشىمى: پەلەكنىڭ غەۋغاسىدىن، جاھاننىڭ زۇلمىدىن، كىشىلەرنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن كىممۇ مەندەك خار - زار بولسۇن؟

زىھى ئازادەئىيمەن ئىشق ئارا مەجنۇن ئەمەس ھەمراھ،
نە مەندە خانۇمانۇ نە ماڭا يارۇ دىيار ئولغاي.

يېشىمى: نېمە دېگەن ئازاد ئادەممەنكى، ئاشىقلىقتا مەجنۇنمۇ ماڭا تەڭلىشەلمەيدۇ، مەندە نە ئۆي - جاي، نە يار، ياكى دىيار بولسۇن؟

جەھان ئەھلىدىن ئەتمەك مۇددەئا مېھرۇ ۋەفا رەسمىن،
دەمەكتۇر مېھرى زەھرىدىن ھەياتىم ئۇستۇۋار ئولغاي.

يېشىمى: جاھان ئەھلىدىن مېھىر - ۋاپا كۈتۈش، «ھاياتىم مۇھەببەت زەھرى بىلەن مۇستەھكەملەنسۇن» دېگەنلىكتۇر.

فەنا دەشتى سارى تۇشمىش سەبۇرىي، دوستلار زىنھار،
دەمەڭكىم ئىختىيار ئەتمىش، ئاڭا نە ئىختىيار ئولغاي.

يېشىمى: دوستلار، سەبۇرىينى ھەرگىزمۇ زاھىدلىق چۆلىگە قاراپ مېڭىشنى ئۆزى خاھلاپتۇ، دەپ قالماڭلار، ئۇنىڭدا نەدە ئىختىيارلىق بولسۇنكى!

## مەشرەب

## بىرىنچى مەشرەب

## بىرىنچى ئاھاڭ

سەنسىز دەمى ئەي شوخ جەھان، كۆزلەرى جادۇ،
ھەر ئاھىم ئەرۇر چەرخى باياباندا ئاھۇ.

يېشىمى: ئەي جاھاننىڭ شوخى، جادۇ كۆزلۈكۈم، سەنسىز تارتقان ھەربىر ئاھىم پەلەك باياۋانىدىكى كېيىككە ئوخشايدۇ.

مەن سەرۋى قەدد ئارزۇسىنى ئەيلەپ چەكەدۇرمەن،
قۇمرى نە ئۈچۈن چەككۈسى سەرۋ ئۈستىدە گۇگۇ.

يېشىمى: مەنغۇ سەرۋى قامەتكە ئېرىشىش ئارزۇسىدا نالە - پەريات چېكىۋاتىمەن، پاختەك ئۆزى سەرۋى دەرىخىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپمۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن «گۇگۇ - گۇ» دەپ پىغان چېكىدىغاندۇ؟

دانالار ئىلە ئۆتكەرۈ ئۆمرۈڭنى خۇش ئۆتكەر،
قىلغۇسى دىماغىڭنى مۇئەتتەر گۇلى خۇشبۇ.
يېشىمى: دانالار بىلەن ئۆتىدىغان ئۇمرۈڭنى خوشال ئۆتكۈزگىنىڭكى، خۇشبۇي گۇلنىڭ ھىدى دىمىقىڭنى خۇش بۇي قىلغۇسى.

يۈزىنى ئاچىپ، قىلغۇسى يەلدايىنى گۈندۈز،
سۇنبۇل ساچار ئافاقغا ئاچسا خەمى گىيسۇ.
يېشىمى: ئۇ گۈزەل يۈزىنى ئاچسا، يەلدا كېچىسىنى كۈندۈزگە ئايلاندۇرىدۇ؛ ئەگەر چېچىنىڭ تۈگۈچلىرىنى يەشسە، جاھانىى سۇمبۇل ھىدىغا پۈركىيدۇ.

مەشھۇرىي، جەفا بىر - بىرىگە سۆھبەتى ناجىنس،
دەۋزەى ئىچىدە كۆيگۈسى خۇشخۇ ئىلە بەدخۇ.
يېشىمى: مەشھۇرىي، نىجىسلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش خۇددى دوزاختا خۇشخۇي بىلەن بەدخۇي بىللە كۆيگەندەك بىر - بىرىگە جاپا سالغانلىقتۇر.

## ئىككىنچى ئاھاڭ

ئەي نۇر دىلودىيدە، دىيدارىڭا مۇشتاقمەن،
ۋاي يارى پىسەندىيدە، دىيارىڭا مۇشتاقمەن.
يېشىمى: ئەي كۆڭلۈم ۋە كۆزۈمنىڭ نۇرى، دىدارىڭغا ئىنتىزارمەن، ئەي ئارزۇلۇق يار، دىدارىڭغا تەقەززامەن.

ئەي ماھى پەرى پەيكەر، ۋاي ھۇرى مەلەك مەنزەر،
ئەي لەئلى لەبى شەكەر، دىيدارىڭا مۇشتاقمەن.
يېشىمى: ئەي پەرى سۇرەتلىك ئاي يۈزلۈكۈم، ئەي مالائىكە سۈپەتلىكىم، ئەي لېۋى شېكەردىن شېرىن يار، دىدارىڭغا ئىنتىزارمەن.

ئەي دىلبەرى دىلدارىم، سەنسەن ئەبەدىي جانىم،
ۋاي يارى ۋەفادارىم، دىيدارىڭا مۇشتاقمەن.
يېشىمى: ئەي كۆڭۈلنى تارتقۇچى دىلدارىم، سەن مېنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتىم، ۋاي، ۋاپادارىم يارىم، دىدارىڭغا ئىنتىزارمەن.

ئەي دىلبەرى سىيمىن تەن، سەن جانۇ نەسمىي تەن،
ئەي سەرۋى گۇلى گۇلشەن، دىيدارىڭا مۇشتاقمەن.

يېشىمى: ئەي كۆمۈش تەنلىك، ئەي سەرۋى قامەتلىك، گۈلشەندىكى گۈل، نەسىمىنىڭ تېنىگە جان بولغان دىلبەر، دىدارىڭغا ئىنتىزارمەن.

## ئۈچىنچى ئاھاڭ

كىمكى ئول گۈلچېھرەنى ئۆزىگە مېھمان ئەيلەدى،

ئۆزىنى ئىسكەندەرۇ جەمشىدى دەۋران ئەيلەدى.

يېشىمى: كىمكى ئۇ گۈل چېھرىلىكنى ئۆزىگە مېھمان قىلالىسا، ئۆزىنى دەۋرىنىڭ ئىسكەندەرى ۋە جەمشىدى دەپ بىلسە بولىدۇ.

تا كەمەندى زۇلق ئىلە كۆڭلۈم قۇشىنى قىلدى سەيد،

يۈرەكىمنى ئۆرتەدى، باغرىمنى بىريان ئەيلەدى.

يېشىمى: ئۇ كۆڭلۈم قۇشىنى چېچىنىڭ تورىغا ئىلىندۇرۇپ مېنى ئوۋلىۋالغاندىن بېرى، يۈرىكىمنى ئۆرتەپ، باغرىمنى كاۋاپ قىلىۋەتتى.

فۇرقەتۇ ھىجرانىغا ئول دىلبەرى سىيمىن بەدەن،

كۆزلەرىمنى ياشىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەدى.

يېشىمى: ئۇ كۈمۈش تەنلىك دىلبەر پىراق ۋە جۇدالىق ئازابلىق، ككز يېشىمنى بەدەخشاننىڭ ياقۇتىدەك قانغا ئايلاندۇرىۋەتتى.

ئول خۇداۋەندىكى باردۇر خالىقى كەۋنۇ مەكان،

تىشلارىنى گەۋھەرۇ لەئلىنى مەرجان ئەيلەدى.

يېشىمى: كائىناتنى ياراتقان ئاللاھ ئۇنىڭ چىشلىرىنى گۆھەردىن، لېۋىنى مارجاندىن قىلىپ يارىتىپتۇ.

ئۆزىنى قىلدى جەھاندا تۇرفە بىر شۇھرەتنەما،

تا سەنىڭ ۋەسفىڭ قەلەندەر ئەلگە داستان ئەيلەدى.

يېشىمى: قەلەندەر سېنى تەرىپلەپ ئەلگە داستان قىلىۋەتكەندىن بۇيان، دۇنيادىكى ئاجايىپ بىر شۆھرەتنەما (شۆھرەت كۆرسەتكۈچ) بولۇپ قالدى.

# ئىككىنچى مەشرەپ

## بىرىنچى ئاھاڭ

ۋۇجۇدۇم كاھىنى كۈل قىلدى تابى بەرقى رۇخسارى،

ساۋۇرسا دۇدى ئاھىمنى ھەۋايى شۇئلە دىيدارى.

يېشىمى: ئۇنىڭ دىدارىنىڭ يالقۇنى ئاھىم تۇتۇنىنى ھاۋاغا سورىغان بولسا، رۇخسارىدىن چاقنىغان چاقماق ئوتى ۋۇجۇدۇم سامىنىنى كۈل قىلدى.

ئەگەر شەۋقۇم تەزەرۋى رەنگلەر كۆرگۈزسە تاڭ كۆرمە،
كى رەنگىن جىلۋەلەر كۆرگۈزدىكىم تاۋۇس رەفتارى.

يېشىمى: ئەگەر ئىشتىياقىمنىڭ قىرغاۋۇلى جىلۋە قىلسا ئەجەبلەنمە، چۈنكى تورمۇ ئۆزىنىڭ چىرايلىق يۈرۈشلىرى بىلەن جىلۋە قىلىدۇ- غۇ.

ئەگەر كۆزۈم مەنىڭ گۈل رەنگى بولسا، ھەيرەتى يوقدۇر،
سالىپدۇر جىلۋە ئەكسىن گۈلئۈزارى، جامە گۈلنارى.

يېشىمى: ئەگەر كۆزۈم گۈل رەڭگىدە كۆرۈنسە، ئۇنىڭغا ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى كۆزۈمدە گۈلۈدەك جامالىنىڭ، گۈلرەڭلىك كىيىمىنىڭ ئەكسى جىلۋىلەنگەندۇر.

بار ئەسھابى نەزەر سۇرەتكە بولماسلار نەزەر بەندكىم،
تاۋۇق باشىدا بار تاجى، چەبىن باشىدا دەستارى.

يېشىمى: توخۇنىڭ بېشىدا تاجىسى، چىۋىننىڭ بېشىدا سەللىسى بولىدۇ، لېكىن يىراقنى كۆرەر زاتلار شەكىلگە، تاشقى كۆرۈنۈشكىلا قاراپ ئىش كۆرمەيدۇ.

نەۋائىيدىن كەيىن مەشھۇري شىئرىنى ئوقۇماس كىم،
بۇ بازار ئىچكى باردۇر ھەر مەتائىغا خەريدارى.

يېشىمى: كىشىلەر نەۋائىينىڭكىدىن كېيىن مەشھۇري شېئىرلىرىنى ئوقىماي قالارمۇ؟ بۇ بازاردا ھەر قانداق مالىنىڭ ئۆزىگە لايىق خېرىدارى بار - دە.

## ئىككىنچى ئاھاڭ

ئەرزىمنى ئايتاي، شاھىم ئىشىتكىل،
مىسكىن گەدامەن، دادىمغا يەتكىل.

يېشىمى: شاھىم ئەرزىمنى ئاڭلا، مەندەك مىسكىن گادايىنىڭ دادىغە يەت.

قىلساڭ يىراقراق مۇندا ئۆزۈڭدىن،
ۋەسلىڭ سارىغا ئاندا ياۋۇتكىل.

يېشىمى: بۇرۇندا ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇرغان بولساڭمۇ، ئەمدى ۋەسلىڭگە يېقىنلاشتۇر.

سەندىن ئايىرغان دۇنيايى مەككار،
كۆڭلۈمنى ئاندىن ئەمدى ساۋۇتكىل.

يېشىمى: مەككار دۇنيا مېنى سەندىن ئايرىۋەتكەندى، شۇڭا ئەمدى ئۇنىڭدىن كۆڭلۈمنى سوۋۇتقان.

سەندىن بۆلەكنى ھەرگىز دەمەسمەن،
ۋەللاھۇ، بىللاھ سۆزۈمگە بىتكىل.
يېشىمى: سەندىن ئۆزگىنى ھەرگىز سۆيمەيمەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سۆزۈمگە ئىشەنگىن.

مېھمانىڭ ئولدى بۇ تۈن ھۇۋەيدا،
كۆڭلىنى ئاۋلاپ ياخشى كۈزەتكىل.
يېشىمى: بۇ كېچە ھۇۋەيدا سېنىڭ مېھمىنىڭ بولدى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپ، ياخشى كۈتۈۋالغىن.

8- مۇقام ئۇششاق مۇقامى تېكستلىرى چوڭ نەغمە قىسمى 202 مىسرا، تۆرت داستان 62 مىسرا، ئىككى مەشرەپ 48 مىسرا بولۇپ، جەمئىي 312 مىسرا شېئىردىن تەشكىل تاپقان.